### مەركىزىي كومىتېت بەنگۈڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭى

# «ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭى «ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

پىكىردە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى ھۆكۈمەت ئاممىۋى فۇنكسىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتىكى مۇھىم تەدبىر، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئۇل خاراكتېرلىك، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ۋە كاپالەت خاراكتېرلىك خىزمەت. پىكىردە مۇنداق تەكىتلەندى: ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىش تەلىپى بويىچە، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قانۇن مۇلازىمىتى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشنى چۆرىدەپ، شەھەر ـ يېزىلارنى قاپلىغان، قولاي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، باراۋەر، ئومۇمىي مەنپەئەتدار زامانىۋى ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تېز ئورنىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش كېرەك.

پىكىردە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2022 ـ يىلىغا بارغاندا، شەھەر ـ يېزىلارنى قاپلىغان، قولاي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، باراۋەر، ئومۇمىي مەنپەئەتدار زامانىۋى ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلۇپ، مۇلازىمەت تورى ئەسلىھەسى ئومۇميۈزلۈك قاپلاپ، ئۆزئارا ئالاقە راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتىنىڭ ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلۈپ، شەھەر ـ يېزا ئاساسىي ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتىنى باراۋەرلەشتۈرۈش سىجىل ئالغا سىلجىتىلىپ، خەلق ئاممىسى بەھرىمەن بولىدىغان ئاساسىي ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسى كۈنسېرى ئۆستۈرۈلىدۇ.

2035 ـ يىلىغا بارغاندا، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىش نىشانىغا ئۇيغۇنلاشقان ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت تورى ئومۇميۈزلۈك قاپلاپ، مۇلازىمەت مېخانىزمى تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، مۇلازىمەت كاپالىتى پۇختا، كۈچلۈك بولۇپ، ئاساسىي ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتىنىڭ تەكشى تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئېشىپ، قانۇن مۇلازىمىتىنىڭ ئاما رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، خەلق ئاممىسىنى ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت نەتىجىلىرىدىن ھەمبەھرلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى، كارخانا مەسئۇللىرى بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ تېپى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلات سېتىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئەمەلىي كۈچنى زورايتىش، ساغلام تەرەققىي قىلىش كېرەك.

جېڭخۇبى گۇرۇھى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال كەسپلىرى باغچىسىدا، چېن چۈەنگو تۈر قۇرۇلۇشى، مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېڭىلىق يارىتىش يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاشۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، چېن چۈەنگو بىر قىسىم كارخانا مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تەرەققىيات ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش سۈپىتى ۋە ۋاستىچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىققەتنى ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكا، ئاچقۇچلۇق پارچە زاپچاس، ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنە پەن ـ تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ قوللىنىشنى تېزلىتىپ، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىش، رىقابەت ئەۋزەللىكى يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلمىي باشقۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىلغار ئۇسۇلنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زامانىۋى ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ئىلمىيلىشىش، ئىنچىكىلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئېلىپ، ھاياتىي كۈچ ئېلىپ، ئۈنۈم ئېلىپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەر ساھە، ھەر تەرەپتىكى ئىسلاھاتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي بازار ئېچىشنى كۈچەيتىپ، بازارنى يۆنىلىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، رايون ئورنى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچى، شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىنىڭ بازار ئۆزگىرىشى ۋە ئېھتىياجىنى چىڭ كۆزلەپ، رىقابەت كۈچى ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، تۈپ ۋەزىپىسى، كونكرېت نىشانىنى پۇختا ئىگىلەپ، كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇرغۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

# تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ
# مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزگىچە كىچىك بازار قاتارلىقلارنى ساياھەت توپلانغان رايون قىلىپ شەكىللەندۈرۈپ، چېچەك مەزگىلىدە ساياھەتچىلەرنى كۈندۈزدە گۈل سەيلىسى قىلدۇرغان، كەچتە ھەقىقىي مەنزىرىلىك نومۇرلارنى كۆرسەتكەن قىلىپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۆھرەت زاكىر مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، ساياھەت بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى زور، تۈرى كۆپ، خىللىرى ئەلا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى ناھىيەسى چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، قار ـ مۇز تەنھەرىكىتى، ئېكسپېدىتسىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئىستىراھەت ـ دەم ئېلىش قاتارلىق نۇرغۇن كەسىپ ھالىتى بىر گەۋدە قىلىنغان خاس كىچىك بازارغا تايىنىپ، پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكى قۇرۇلۇشىدا بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن ئېسىل مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك خوتنى يۇقىرىلىتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتنى سىرتقا تەشۋىق قىلىش نام كارتىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى ناھىيەسى پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنى پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تۇتقا، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا كۈچ قوشۇشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر قىلىپ، سىياسەت چىقىرىپ، پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنىڭ گۈزەل بايلىقنىڭ گۈزەل ئىقتىسادقا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى موتور، يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى. ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ خاس پۇقراۋى قونالغۇ نۇقتىسىدا، شۆھرەت زاكىر ھازىرقى تىجارەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىغا ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنى قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى، ئادىمىيەت مۇھىتى، تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئورگانىك يۇغۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گۈزەل يېزا ـ كەنتلەرنى «گۈزەل ئىقتىساد»قا ئىگە قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تاپىلىدى.

شۆھرەت زاكىر يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسى، چىفاڭ كوچىسى ئىجادىيەت كەسپلىرى توپلانغان رايونى، ئۈرۈمچى چوڭ بازار مەنزىرە رايونىغا كېلىپ، تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى، كارخانىلارنىڭ تىجارىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەم ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، «يۇقىرى دەرىجىلىك، خاس، ئېسىل» ئورۇندا چىڭ تۇرۇپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ھەم رايون خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قېزىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېشىل تەرەققىيات، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى بۇرچ، يېڭى مەسئۇلىيەت، يېڭى نەتىجە ئارقىلىق، مەدەنىيەت مۇھىم ئامىلى بىلەن ساياھەت بايلىقىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنى چوڭقۇر يۇغۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

# باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى باش ۋەزىپە قىلايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇشتا، تارىخ بىلەن رېئاللىق، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارانىڭ بىرلىشىشى جەھەتتە تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى ئۈزلۈكسىز تاۋلاپ، باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىق، قەتئىيلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئالدى بىلەن سىياسىي ئورگان، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى بىرىنچى سەپ. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ گەرچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت ئىش تەقسىماتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى نوقۇل كەسپىي ئورگان ئەمەس، ھەممىسى روشەن سىياسىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، جەزمەن سىياسىي ئورگان ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى باش ۋەزىپە قىلىشى كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار، بىرىنچى قوللار خىزمەت ئىشلىگەندە ئالدى بىلەن ئاڭلىق ھالدا پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرى بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، سىياسىي مەيداننى چىڭىتىپ، سىياسىي پوزىتسىيەنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دائىم پەرقلەرنى تۈزىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغانغا قەتئىي ئۆز پېتى بېجىرىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چەكلىگەننى قەتئىي توسۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، نېگىزدىن ئېيتقاندا پارتىيەگە سادىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سادىق بولۇش جەزمەن پارتىيەگە بولغان ئېتىقادقا سادىق بولۇشتا گەۋدىلىنىشى، پارتىيە تەشكىلاتىغا سادىق بولۇشتا گەۋدىلىنىشى، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە سادىق بولۇشتا گەۋدىلىنىشى كېرەك. پارتىيەگە سادىق بولۇش ئابستراكت ئەمەس، بەلكى كونكرېت بولىدۇ، شەرتلىك ئەمەس، بەلكى شەرتسىز بولىدۇ. «ئىككىنى قوغداش»نى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرۈش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىدە گەۋدىلەندۈرۈش، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ كۈندىلىك سۆز ـ ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە، پارتىيەگە سادىق بولۇش تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قىزىل بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھەم يۈكسەك ئەقلىي جەھەتتىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى، ھېسسىيات جەھەتتىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك، ھەم قەتئىي قوغداش ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. سىياسىي ئىرادە ۋە سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشتە، ئۆگىنىشكە تايىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى سىياسىيدا پىشىپ يېتىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە چېنىقىشقا تايىنىش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ھەرگىزمۇ ئاسانلا، داقا ـ دۇمباق چېلىپلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىشتە، كۈرەش روھى بولمىسا بولمايدۇ. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كۈرەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشتە باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا ماھىر بولۇشى، پۈتۈن كۈچى بىلەن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك؛ ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار كادىرلارنىڭ كۈرەش ئەمەلىيىتىدە بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، بېلىنى رۇسلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى سىياسىي ئىرادىسى ۋە سىياسىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك.

بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ ماركسىزملىق پارتىيە بولۇشىدىكى تۈپ تەلەپ. يادرونى ھىمايە قىلىدىغان، يادروغا ئەگىشىدىغان، يادرونى قوغدايدىغان ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، قەدەمنى بىردەك ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى» ھەم «باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش چارىسى»، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش نىزامى» تەكشۈرۈلىدۇ.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ خامچوت ئىجراسى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2018 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوت ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىمنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتى، 2018 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك نەق چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ، 2018 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك نەق چوتى تەكشۈرۈلىدۇ ۋە تەستىقلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2018 ـ يىللىق مۇھىت ئەھۋالى ۋە مۇھىت ئاسراش نىشانىنى تاماملاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى» ھەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى ئەھۋالى مەخسۇس تېمىدا سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق زاسېداتېللىرى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ئەھۋالى توغرىسىدىكى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ؛ كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەكلىپ لايىھەسى قاراپ چىقىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.